# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق (2021 - 2025) يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى بېكىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپى»گە ئاساسەن تۈزۈلدى، ئاساسلىقى دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەقسىتى شەرھلەنگەن، ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە ئۇنى قېلىپلاشتۇرىدىغان بۇ پىروگراما ـــ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاشتىكى ئۇلۇغۋار پىلانى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ھەرىكەت پىروگراممىسى.

## 1 ـ قىسىم سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش

«14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان مەزگىلى دۆلىتىمىز ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىپ، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىدىغان تۇنجى بەش يىل.

### 1 ـ باب تەرەققىيات مۇھىتى

دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىپ، تەرەققىيات ئاساسىمىز تېخىمۇ پۇختىلاندى، تەرەققىيات شارائىتىمىزدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىشتا يېڭى پۇرسەت ۋە خىرىسقا دۇچ كەلدۇق.

#### 1 ـ پاراگراف ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قازىنىشتا ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەر قولغا كەلدى

«13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان مەزگىلى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىدىغان ھەل قىلغۇچ باسقۇچ. ئىنتايىن مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت، ئىنتايىن ئېغىر ئىچكى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى، بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئېغىر زەربىسى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتتى. ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا زور بۆسۈش ھاسىل بولۇپ، دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا زور ئىلگىرىلەش قولغا كېلىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا زور نەتىجە يارىتىلىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشى تېز ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ ئەۋزەللىكى يەنىمۇ نامايان بولدى.

ئىقتىسادىي ھەرىكەت ئومۇمەن مۇقىم بولۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلما سىجىل ياخشىلاندى، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 100 تىرىليون يۈەندىن ئاشتى. ئىجادچان دۆلەت قۇرۇلۇشىدا مول نەتىجىلەر قولغا كەلدى، ئادەملىك ئالەم قاتنىشى، ئاي چارلاش قۇرۇلۇشى، چوڭقۇر دېڭىز قۇرۇلۇشى، سۇپېر كومپيۇتېر، كۋانتلىق ئۇچۇر، «گۈللىنىش» ناملىق يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىز، چوڭ ئايروپىلان ياساپچىلىقى قاتارلىق ساھەلەردە بىر تۈركۈم زور پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى قولغا كەلدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردۇق، يېزىلاردىكى 55 مىليون 750 مىڭ نامرات ئاھالە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، جۇڭخۇا مىللىتىنى نەچچە مىڭ يىل ئازابلىغان مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي يوسۇندا ھەل بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ نامراتلارنى ئازايتىش تارىخىدا مۆجىزە يارىتىلدى. يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئاشلىقنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى ئۇدا 1 تىرىليون 300 مىليارد جىڭدىن يۇقىرى بولدى. 100 مىليون يېزا ئىگىلىك يۆتكەلمە ئاھالىسى ۋە دائىم تۇرۇشلۇق باشقا ئاھالىنى شەھەر ـ بازاردا نوپۇسقا ئېلىش نىشانى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئېشىپ، رايونلۇق زور ئىستراتېگىيەلەر پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىدى. بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش سالمىقى ئېشىپ، ئاساسلىق بۇلغىما چىقىرىش ئومۇمىي مىقدارىنى ئازايتىش نىشانى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، بايلىقتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. پۇل مۇئامىلە خەۋپ ـ خەتىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا باسقۇچلۇق مۇھىم نەتىجە يارىتىلدى. سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسى داۋاملىق كېڭىيىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق بەرپا قىلىشتا مول نەتىجىلەر قولغا كەلدى. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، مائارىپ ئادىللىقى ۋە سۈپىتىدە بىرقەدەر زور يۈكسىلىش بولۇپ، ئالىي مائارىپ ئومۇملاشتۇرۇش باسقۇچىغا كىردى، شەھەر ـ بازارلاردا 60 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتى، دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ زور ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى ئورنىتىلدى، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى 1 مىليارد 300 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىنى، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى 1 مىلياردقا يېقىن ئاھالىنى قاپلىدى، شەھەر ـ بازار كەپە ئۆي رايونلىرىدىكى 23 مىليون يۈرۈشتىن ئارتۇق تۇرالغۇ ئۆزگەرتىلدى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجە يارىتىلىپ، تاسادىپىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسى زور ھەجىمدە ئۆستى. ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتىنىڭ سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت كەسپى گۈللىنىپ راۋاجلاندى. دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، ئارمىيەنىڭ تەشكىلىي ھالىتىدە زور ئۆزگىرىش ياسالدى. دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچىيىپ، جەمئىيەت ئىناق ۋە مۇقىم ھالەتنى ساقلىدى.

«13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەر غەلىبىلىك ئورۇندىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، پەن ـ تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى يېڭى زور پەللىگە يۈكسىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ئۇلۇغ تارىخىي نەتىجىلەر قولغا كېلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يېڭى زور قەدەم تاشلاندى، سوتسىيالىستىك جۇڭگو دۇنيانىڭ شەرقىدە تېخىمۇ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈردى.

#### 2 ـ پاراگراف دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات مۇھىتى چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپ ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلدى

ھازىر ۋە كەلگۈسى بىر مەزگىلدە، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرىسىمۇ، لېكىن پۇرسەت ۋە خىرىستا يېڭى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش بولدى. بۈگۈنكى دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، يېڭى نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە سانائەت ئىنقىلابى چوڭقۇر راۋاجلىنىۋاتىدۇ، خەلقئارا كۈچ سېلىشتۇرمىسى چوڭقۇر تەڭشىلىۋاتىدۇ، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ھېلىھەم دەۋرنىڭ باش تېمىسى بولۇپ تۇرماقتا، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خەلقئارا مۇھىت كۈنسايىن مۇرەككەپلىشىپ، مۇقىمسىزلىق ۋە ئېنىقسىزلىق كۆرۈنەرلىك كۆپىيىۋاتىدۇ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرى كېڭىيىپ ۋە چوڭقۇرلىشىپ بېرىۋاتىدۇ، دۇنيا ئىقتىسادى پەسكويغا چۈشۈپ، ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىشى تەتۈر ئېقىمغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، دۇنيانىڭ ئېنېرگىيە تەمىنات ـ تەلەپ خەرىتىسىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، خەلقئارا ئىقتىسادىي ـ سىياسىي ۋەزىيەت مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان بولۇپ، دۇنيا داۋالغۇش ۋە ئۆزگىرىش مەزگىلىگە كىرىپ قالدى، يەككە تەرەپچىلىك، قورۇقچىلىق ۋە زومىگەرلىك دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىغا تەھدىت سېلىۋاتىدۇ.

دۆلىتىمىز يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى، تۈزۈم ئەۋزەللىكىمىز روشەن، ئىدارە قىلىش ئۈنۈمىمىز يۇقىرى، ئىقتىسادىمىز ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، ماددىي ئاساسىمىز پۇختا، ئادەم كۈچى بايلىقىمىز مول، بازار بوشلۇقىمىز كەڭ، تەرەققىيات ئېلاستىكلىقىمىز كۈچلۈك، ئىجتىمائىي ئومۇمىيىتىمىز مۇقىم، سىجىل تەرەققىي قىلىشتا نۇرغۇن جەھەتلەردە ئەۋزەللىك ۋە شارائىتقا ئىگىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۆلىتىمىزدە تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، تولۇق بولماسلىق مەسىلىسى ھېلىھەم گەۋدىلىك، نۇقتىلىق ساھە، ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھات ۋەزىپىسى ھېلىھەم ناھايىتى مۈشكۈل، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىز يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشالمايۋاتىدۇ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى تېخى مۇستەھكەم ئەمەس، شەھەر ـ يېزا، رايونلارنىڭ تەرەققىيات پەرقى ۋە كىرىم تەقسىمات پەرقى بىر قەدەر زور، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشتا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق، خەلق تۇرمۇشى كاپالىتىدە كەمتۈكلۈك مەۋجۇت، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشتا ئاجىز ھالقىلار بار.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئومۇمىيىتى بىلەن دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، جەمئىيىتىمىزدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولغان يېڭى ئالاھىدىلىك ۋە يېڭى تەلەپلەرنى، مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىت پەيدا قىلغان يېڭى زىددىيەت ۋە يېڭى خىرىسلارنى چوڭقۇر تونۇپ، پۇرسەت ئېڭى ۋە خەۋپ ئېڭىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقتەك ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىمىزنى مەۋقە قىلىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىمىزنى ساقلاپ، ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىشىمىز، تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، كۈرەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۈرەش قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇپ، ئۆۋەن چەك تەپەككۇرى تۇرغۇزۇپ، ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ماسلىشىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزگىرىش ياساپ، كرىزىس داۋامىدا پۇرسەت يارىتىشقا ۋە ئۆزگىرىش داۋامىدا يېڭى ۋەزىيەت ئېچىشقا ماھىر بولۇپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، پايدىنى كۆزلەپ زىياندىن ساقلىنىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشىمىز شەرت.

### 2 ـ باب يېتەكچى فاڭجېن

«14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا تۆۋەندىكى يېتەكچى ئىدىيە، پرىنسىپ ۋە ئىستراتېگىيەلىك يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلەش شەرت.

#### 1 ـ پاراگراف يېتەكچى ئىدىيە

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ۋە شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەممىبەھرە تەرەققىياتتىن ئىبارەت يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى باش تېما، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە، ئىسلاھ قىلىش ـ يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، تەرەققىيات بىلەن خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىش ئاساس قىلىنغان، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېز ئورنىتىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ تىنچ ـ ئىناق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇش ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىش كېرەك.

#### 2 ـ پاراگراف چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپ

ـــ پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش. پارتىيەنىڭ ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزملىرىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى يارىتىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تۈپ كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

ـــ خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش. خەلقنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئورتاق بېيىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتتا خەلقنى كۆزلەش، تەرەققىياتتا خەلققە تايىنىش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلقنى بەھرىلەندۈرۈشنى باشتىن ـ ئاخىر ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداپ، پۈتكۈل خەلقنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇش ئىستىكىنى ئۈزلۈكسىز ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

ـــ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تەرەققىياتنىڭ پۈتۈن جەريانى ۋە ھەرقايسى ساھەلىرىگە تولۇق، توغرا، ئومۇمىيۈزلۈك سىڭدۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى يارىتىپ، تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

ـــ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش. ئىسلاھاتنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېچىۋېتىشنى قەتئىي تەۋرەنمەي كېڭەيتىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات، يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇشنى چەكلەپ قويۇۋاتقان تۈزۈلمە ـ مېخانىزم توسالغۇلىرىنى تۈگىتىپ، بايلىق تەقسىملەش ئۈنۈمىگە ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق زور ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ، تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە ھاياتىي كۈچىنى سىجىل ئاشۇرۇش كېرەك.

ـــ سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇش. ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئويلىنىش، ئومۇمىيەت جەھەتتىن پىلانلاش، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى ـ تاشقى ئومۇمىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات ۋە خەۋپسىزلىكتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى ياخشى قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، مەركەز، جايلار ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسنى پۇختىلاش، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇش، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش، ئاجىز ھالقىلارنى كۈچەيتىشكە كۈچەپ، زور خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تەرەققىياتنىڭ سۈپىتى، قۇرۇلمىسى، كۆلىمى، سۈرئىتى، ئۈنۈمى ۋە خەۋپسىزلىكىنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

#### 3 ـ پاراگراف ئىستراتېگىيەلىك يۆنىلىش

«14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان مەزگىلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى مەۋقە قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى يارىتىش شەرت. يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەش ـــ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى يارىتىشنىڭ رېئال ئاساسى؛ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەش ۋە يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى يارىتىشنى ھەرىكەت كۆرسەتمىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى يارىتىش يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى پۇرسەت ۋە خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيەلىك تاللاش. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش تۈرتكىسى ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەمىنات ئارقىلىق يېڭى ئېھتىياجنى يېتەكلەپ ۋە بارلىققا كەلتۈرۈپ، تەمىنات سىستېمىسىنىڭ ئېلاستىكلىقى ۋە ئىچكى ئېھتىياجغا ئۇيغۇنلۇقىنى ئاشۇرۇش شەرت. ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرىدىغان ئۈنۈملۈك تۈزۈم ئورنىتىپ، مۇكەممەل ئىچكى ئېھتىياج سىستېمىسىنى تېز يېتىلدۈرۈپ، ئېھتىياج تەرەپلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قۇدرەتلىك ئىچكى بازار بەرپا قىلىش شەرت. ئىسلاھاتنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئايلىنىشنى چەكلەپ قويۇۋاتقان تۈزۈم توسالغۇلىرىنى تۈگىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ ئايلىنىشى ۋە ئوبوروتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىملەش، ئوبوروت، ئىستېمال ھالقىلىرىنىڭ ئورگانىك جىپسىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش شەرت. ئېچىۋېتىشنى قەتئىي تەۋرەنمەي كېڭەيتىپ، ئامىللارنى يۆتكىلىشچان ئېچىۋېتىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈزۈملۈك ئېچىۋېتىشنى پۇختا قەدەم بىلەن كېڭەيتىپ، ئىچكى ئىقتىسادىي ئايلىنىش سىستېمىسىغا تايىنىپ دۇنياۋى ئامىل بايلىقنى جەلپ قىلىدىغان قۇدرەتلىك تارتىش كۈچى مەيدانى شەكىللەندۈرۈش شەرت. ئىچكى چوڭ ئايلىنىشنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا چوڭ ئايلىنىش ئارقىلىق ئىچكى چوڭ ئايلىنىشنىڭ ئۈنۈمى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىچكى ـ تاشقى قوش ئايلىنىشنىڭ بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شەرت.

### 3 ـ باب ئاساسلىق نىشان

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان ۋە «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق نىشانى تۆۋەندىكىچە:

#### 1 ـ پاراگراف 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان

2035 ـ يىلىغا بارغاندا، دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش ئاساسەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، پەن ـ تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى زور دەرىجىدە ئاشىدۇ، ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ۋە شەھەر ـ يېزا ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى يەنە بىر يېڭى زور پەللىگە يۈكسىلىدۇ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا زور بۆسۈش ھاسىل بولۇپ، دۆلىتىمىز ئىجادچان دۆلەتلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. يېڭىچە سانائەتلەشتۈرۈش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئاساسەن ئىشقا ئېشىپ، زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا بولىدۇ. دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئاساسەن ئەمەلگە ئېشىپ، خەلقنىڭ باراۋەر قاتنىشىش، باراۋەر راۋاجلىنىش ھوقۇقى تولۇق كاپالەتكە ئېرىشىپ، قانۇنچىل دۆلەت، قانۇنچىل ھۆكۈمەت، قانۇنچىل جەمئىيەت ئاساسەن بەرپا بولىدۇ؛ مەدەنىيەت كۈچلۈك دۆلىتى، مائارىپ كۈچلۈك دۆلىتى، ئىختىساسلىقلار كۈچلۈك دۆلىتى، تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلىتى ۋە ساغلام جۇڭگو قۇرۇپ چىقىلىپ، پۇقرالارنىڭ ساپاسى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسى يېڭى يۈكسەكلىككە يېتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت يۇمشاق ئەمەلىي كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشىدۇ. يېشىل ئىشلەپچىقىرىش ـ تۇرمۇش ئۇسۇلى كەڭ كۆلەمدە شەكىللىنىپ، كاربون چىقىرىش مىقدارى چوققا قىممەتكە يەتكەندىن كېيىن مۇقىملىشىش ئاساسىدا تۆۋەنلەپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تۈپتىن ياخشىلىنىپ، گۈزەل جۇڭگو قۇرۇش نىشانى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. سىرتقا ئېچىۋېتىش يېڭى ئەندىزىسى شەكىللىنىپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە رىقابەتكە قاتنىشىش ئەۋزەللىكىمىز كۆرۈنەرلىك كۈچىيىدۇ. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئوتتۇراھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيەسىگە يېتىپ، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر كۆرۈنەرلىك كۆپىيىپ، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت تەڭپۇڭلىشىپ، شەھەر ـ يېزا، رايونلارنىڭ تەرەققىيات پەرقى ۋە ئاھالىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىدىكى پەرق كۆرۈنەرلىك كىچىكلەيدۇ. تىنچ جۇڭگو قۇرۇلۇشى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە يېتىپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئاساسەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. خەلق تۇرمۇشى تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى ۋە پۈتكۈل خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشى جەھەتتە تېخىمۇ روشەن ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش قولغا كېلىدۇ.

#### 2 ـ پاراگراف «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق نىشانى

ـــ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش. تەرەققىيات ـــ دۆلىتىمىزدىكى بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسى ۋە ئاچقۇچى، تەرەققىياتتا يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش شەرت، سۈپەت ۋە ئۈنۈمنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش ئاساسىدا ئىقتىسادنى سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يوشۇرۇن كۈچىنى ئاشۇرۇپ ۋە تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئېشىش سۈرئىتىنى مۇۋاپىق دائىرىدە ساقلاپ ۋە ھەر يىلى ئەھۋالغا قاراپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئومۇمىي ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقنى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىشىدىن يۇقىرى سەۋىيەدە ئاشۇرۇپ، ئىچكى بازارنى تېخىمۇ قۇدرەت تاپقۇزۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تېخىمۇ ياخشىلاپ، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تەتقىق قىلىپ يارىتىش خىراجىتى سېلىنمىسىنى يىلىغا 7%تىن يۇقىرى سەۋىيەدە ئاشۇرۇپ، سېلىنما سىجىللىقىنى «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان مەزگىلىدىكى ئەمەلىي سىجىللىقتىن يۇقىرى سەۋىيەدە ساقلاشنى قولغا كەلتۈرۈپ، كەسپ ئاساسىنى يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈپ، كەسپ زەنجىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىنى تېخىمۇ پۇختىلاپ، شەھەر ـ يېزا، رايونلار تەرەققىياتىنىڭ ماسلىقىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇپ، دائىملىق ئاھالىنىڭ شەھەر ـ بازارلىشىش نىسبىتىنى 65%كە يەتكۈزۈپ، زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا قىلىشتا زور ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

ـــ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە يېڭى قەدەم تاشلاش. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك بازار سىستېمىسىنى ئاساسەن قۇرۇپ چىقىپ، بازار سۇبيېكتلىرىنى تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە تولدۇرۇپ، مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتى ۋە ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش ئىسلاھاتىدا زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئادىل رىقابەت تۈزۈمىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسىنى ئاساسەن شەكىللەندۈرۈش لازىم.

ـــ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ، خەلقنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق ساپاسى، پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسى، جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىق ساپاسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى سىستېمىسى ۋە مەدەنىيەت كەسپلىرى سىستېمىسىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى كۈنسايىن بېيىتىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىر كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

ـــ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدا يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل قىلىش. زېمىن بوشلۇقىنى ئېچىش ۋە قوغداش ئەندىزىسىنى ياخشىلاپ، ئىشلەپچىقىرىش ـ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى يېشىللاشتۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، ئېنېرگىيە بايلىقىنى تېخىمۇ مۇۋاپىق تەقسىملەپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، بىرلىك ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتى ۋە كاربون (Ⅳ) ئوكسىدى چىقىرىش مىقدارىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 13.5% ۋە 18% تۆۋەنلىتىپ، ئاساسلىق بۇلغىما چىقىرىش ئومۇمىي مىقدارىنى داۋاملىق ئازايتىپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىنى 24.1%كە يەتكۈزۈپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى داۋاملىق ياخشىلاپ، ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاش لازىم.

ـــ خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى يېڭى سەۋىيەگە يەتكۈزۈش. تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى ئېنىقلانغان ئىشسىزلىق نىسبىتىنى 5.5% ئىچىدە تىزگىنلەپ، ئاھالىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمنى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش

(ئاخىرى 7 ـ بەتتە)